## 10552 ـ ئىنسانغا قايسى ۋاقىتتا ئاتا-ئانىسىغا نەپىقە قىلىش كېرەك بولىدۇ؟

**سۇئال**

ئىنسانغا قايسى ۋاقىتتا ئاتا-ئانىسىغا نەپىقە قىلىش كېرەك بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

ئاتا-ئاتا، بالا-چاقىلىرىغا ئوخشاش يېقىنلىرىغا نەپىقە قىلىش قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجما بىلەن بېكىتىلگەن ئەسلىدۇر.

بۇنىڭ قۇرئاندىن بولغان دەلىلى: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَعَلَى الْمَوْلُودِ لَهُ رِزْقُهُنَّ وَكِسْوَتُهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ تەرجىمىسى: «ئاتىلار ئانىلارنى قائىدە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك». [سۈرە بەقەرە 233–ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوا إِلَّا إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا تەرجىمىسى: « پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى». [سۈرە ئىسرا 23–ئايەت].

ئاتا-ئانا ئېھتىياجلىق بولغاندا ئۇلارغا نەپىقە قىلىشمۇ ياخشىلىقتۇر. ئىجما توغرىسىدا ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دەيدۇ: ئالىملار كەسىپ قىلالمايدىغان، كەمبەغەل ئاتا-ئانىغا نەپىقە قىلىش پەرزەنتنىڭ مېلىدا پەرىز بولىدۇ دېگەن قاراشقا ئىتتىپاق كەلگەن.

نەپىقەنىڭ ۋاجىپ بولىشى ئۈچۈن نەپىقە قىلغۇچى ئىقتىسادلىق بولىشى، نەپىقە قىلىنغۇچى كەمبەغەل بولىشى، نەپىقىگە ئېھتىياجلىق بولىشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ ئومۇمى تەرەپتىن ئىتتىپاق كەلگەن ئىش".

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.